# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيە ئۇلۇغ كۈچىنى ھېس قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى تارىخىي تەشەببۇسكارلىقنى باشتىن ـ ئاخىر ئىگىلەش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيەنىڭ روشەن خىسلىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنقىلاب روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش كۆتۈرەڭگۈ روھىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش بولۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ قەدەمنى بىردەك ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇھىم سۆزنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مۇھىم سۆزنى ئۆگىنىشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى خىزمەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنى ئىستىبرىئولۇق راۋانلاشتۇرۇش، ناھىيە دەرىجىلىك تۈگۈنلەرنى ئۈنۈملۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر، ئىككى، ئۈچ سەپەرگە چىقىش قاتناش چەمبىرىكى»(مەركىزىي شەھەر رايونىدا بىر سائەتتە بېرىپ ـ كېلىش، شەھەرلەر توپىدا ئىككى سائەتتە يېتىپ بېرىش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاساسلىق شەھەرلەر ئارىسىدا ئۈچ سائەتتە بېرىپ بولۇشنى قاپلاش) ۋە «يەر شارىۋى بىر، ئىككى، ئۈچ تېز مال يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروتى چەمبىرىكى»(دۆلەت ئىچىگە بىر كۈندە يەتكۈزۈش، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە ئىككى كۈندە يەتكۈزۈش، يەر شارىدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرگە ئۈچ كۈندە يەتكۈزۈش) كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىنىدۇ. قاتناش ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ سۈپىتى، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش ۋە يېشىللىشىش سەۋىيەسى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتىدۇ.

«يىرىك پىلان پروگراممىسى»دا دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىستىبرىئولۇق قاتناش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش چۆرىدىلىپ مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: بىرىنچى، مۇكەممەل بولغان دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئىستىبرىئولۇق قاتناش تورى بەرپا قىلىنىپ، 2035 ـ يىلغا بارغاندا، دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئىستىبرىئولۇق قاتناش تورى ئەمەلىي گەۋدە لىنىيە تورىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى جەمئىي 700 مىڭ كىلومېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ؛ ئىككىنچى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك دۆلەت ئۇنىۋېرسال ئىستىبرىئولۇق قاتناش تورىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى قۇرۇش تېزلىتىلىپ، ئەمەلىي گەۋدە لىنىيە تورىنىڭ مۇساپىسى 290 مىڭ كىلومېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، كۆپ قاتلام دەرىجىلىك بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن دۆلەت ئۇنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنى سىستېمىسى قۇرۇلۇپ، دۇنياغا يۈزلەنگەن بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېي، چاڭجياڭ دېلتىسى، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى، چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونىنىڭ قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنى توپى قۇرۇلىدۇ؛ تۆتىنچى، پۈتۈن يەر شارىغا يۈزلەنگەن ترانسپورت تورى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، شەرق بىلەن غەرب قوش يۆنىلىشتە ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى چۆرىدىلىپ، ئىقتىدارى تولۇق، ئىستىبرىئولۇق ئۆزئارا تۇتاشقان، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا بىرتۇتاش پىلانلانغان ترانسپورت تورى كۈچەپ شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

«يىرىك پىلان پروگراممىسى»دا تۈرلۈك ترانسپورت شەكلىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت يىرىك پىلان چىقىرىلدى ھەم ئۇنىۋېرسال قاتناشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش چۆرىدىلىپ نىشان ۋە ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، بايلىق تىرىكى، مەبلەغ كاپالىتى، يولغا قويۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى.

بۇ يىرىك پىلان پروگراممىسىنىڭ پىلان مۇددىتى 2021 ـ يىلدىن 2035 ـ يىلغىچە بولۇپ، كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە خىزمەت تەلىپىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قىلىپ ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسى ھەم ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەمەلىي ئىش قىلىشى، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، نىشان ـ تەلەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، توغرا بولغان پارتىيە تارىخى قارىشى تۇرغۇزۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋالغۇنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا يېتەكلەش كېرەك. ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ھەرىكەت بىلەن ئۆزى تاللىغان ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» ۋە باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئالاھىدىلىكى روشەن، شەكلى كۆپ خىل بولغان ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، رىئاللىقنى كۆزىتىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ئاساسلىق رەھبىرىي يولداش ئۆزى تۇتۇپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ۋە تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىندىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئورگاندىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە ئاتلىنىپ، كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىپ، جاسارەت بىلەن يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئېتىقاد، ئەقىدىنى چىڭىتىش، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، پارتىيەنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. دائىمىي كومىتېت ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەۋى تونۇش ۋە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ نىشان ـ تەلىپىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋالغۇنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈش، دائىم چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قەتئىي تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئايدىڭلاشتۇرغان نىشان، تەلەپ، ئۆگىنىش مەزمۇنى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك قويۇپ تەشكىللەپ، رەھبەرلىك قىلىپ، ئۆگىنىش ۋاقتى، ئۆگەنگۈچى خادىم، ئۆگىنىش مەزمۇنى، ئۆگىنىش ئۈنۈمىدىن ئىبارەت «تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەم بەلگىلەنگەن ئۆگىنىش مەزمۇنى، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ياخشى تاماملاش، ھەم مەزمۇن، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ھەر مىللەت ئامما ئەندىشە قىلىۋاتقان، باش قاتۇرۇۋاتقان، غەم قىلىۋاتقان ئىشلارنى ياخشى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، رىئاللىقنى كۆزىتىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تۇتۇپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى تۇتۇپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تۇتۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تۇتۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لى شۆجۈن، مۇئاۋىن مۇدىر دۇڭ شىنگۇاڭ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن بادەي، سو يۆ، توختى ياقۇپ، باش كاتىپ مۇتەللىپ روزى يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە قارىتا سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇق ئورنىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىشىغا كۈچ قوشىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىدە ياخشى چىڭ تۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشقان ھەرقايسى پارتىيە گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى سىياسىي جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ئىدىيە جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەركەزنىڭ روھىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئايدىڭلاشتۇرغان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ نىشان ـ تەلىپى، ئۆگىنىش مەزمۇنى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تارىخنى ئۆگىنىپ داۋالغۇنى بىلىش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاش، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئەزالار ۋە ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىيلىكى، ھەقىقەتلىكلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىگىلەپ، يادروغا سادىق بولۇش، يادرونى قوغداش، يادروغا توغرىلىنىش سىياسىي ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، كېڭەشتىن ئىبارەت ئاساسىي خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئورتاق تونۇش ئاساسىنى چىڭىتىشقا يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن زېھنىنى، كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەشكە تەشكىللەپ، «مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن» ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەخسۇس تېمىدىكى تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، «ئۆزى تاللىغان ھەرىكەت»نى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، توغرا يېتەكچىلىك يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى ۋەزىپىسىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە، يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمنى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسلىردىن جۇرئەت ئىمىن، مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ما شيۇگېڭ، نۇرۇم ئىسمايىلخان، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ گاۋ جياڭخۇەي يىغىنغا قاتناشتى.

---

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

شىنجاڭ سېرىكچىلەر جەمئىيىتى

# پولاتتەك پاكىتلار بىلەن پومپېئوغا رەددىيە بېرىمىز

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا تۆھمەت قىلدى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شىنجاڭ سېرىكچىلەر جەمئىيىتى بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ھەم پولاتتەك پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ سېرىك ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، «بوشلۇقتىكى دارۋازلىق» «ئوڭدا يېتىپ زىلچە پىرقىرىتىش ئويۇنى» «شىلەپە ئويۇنى» «بىر قولغا تايىنىپ تۇرۇش» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى، ئويۇن قويۇش بازىرى كۈنسېرى جانلاندى، كەسىپ ئېكولوگىيەسى سىجىل ئەلالاشتى، جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ ئالاقىسى كۈنسېرى كۆپەيدى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پائال تۆھپە قوشۇلدى. شىنجاڭ سېرىكچىلەر جەمئىيىتى ئەلئارا ئالاقە ئەۋزەللىكىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، كۆپ قېتىم ئۆمەك تەشكىللەپ، ياپونىيە، پاكىستان، كۇۋەيت، كورېيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىپ ئويۇن قويدى، قويغان ئويۇن 300 مەيداندىن ئاشتى، قويۇلغان سېرىك نومۇرلىرىغا شىنجاڭنىڭ رايون مەدەنىيەت خاسلىقى سىڭدۈرۈلۈپ، شۇ جايدىكى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، خەلقئارا ئاخبارات ۋاستىلىرى ئېسىل نومۇرلارنى كۆپلەپ خەۋەر قىلىپ، جۇڭگو بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ سېرىك ئەسەرلىرى يەنە ئىتالىيە لاتىنا خەلقئارا سېرىك سەنئەت بايرىمى، رۇسىيە ئىژېۋسك خەلقئارا سېرىك بايرىمى قاتارلىق سېرىك مۇسابىقىلىرىدە كەينى ـ كەينىدىن چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ، جۇڭگو سېرىك سەنئىتىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشتى.

شىنجاڭ سېرىكچىلەر جەمئىيىتى ۋە بارلىق سېرىك سەنئىتى خىزمەتچىلىرى پومپېئونى رەسمىي يوسۇندا شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇكى: جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشما، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى توختات، سېنىڭ يالغان ـ ياۋىداق بىمەنە سەپسەتىلىرىڭ پەقەت تېخىمۇ كۆپ كىشىگە سېنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرەڭنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)